12 ـ قىسىم

# دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى

# ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى

## ئىسلامنىڭ كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى

● ئىسلام دىنىنىڭ كۆتىرىلىپ چىقىشى، مەۋجۇدلىقى، تەرەققىياتى، كېڭىيىشى ۋە نۇرغۇن جايلارغا خوجا بولالىشىدا زوراۋانلىق ۋە ئۇرۇش ئاساسلىق رول ئوينىغان، بۇنىڭ ئىچىدە جىھاد ئۇرۇشى ئەڭ تۈرتكىلىك ئامىل بولۇپ، مۇسۇلمانلارنى دۇنياغا يېيىلدۇرغان.

● مىلادى 622-يىلى 6-ئاينىڭ 20-كۈنى مۇھەممەت مەككىدىن مەدىنىگە كۆچۈپ باردۇ (ھىجرەت). شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەربى، سىياسى، دىنى ھوقوقنى ئۆزىگە يىغىپ، دىنى ھاكىمىيەت ئاستىدىكى كوممونا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىدۇ، ھەمدە سىياسى ھوقوقنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن مۇسۇلمانلاردىن قوراللىق قوشۇن تەشكىللەيدۇ.

### مۇھەممەتنىڭ دىن تارقىتىش جەريانىدا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى

| ۋاقتى | جەڭ | قۇرئان |
|---|---|---|
| 624 | بەدىر جېڭى | 3: 13, 123; 8: 5-19, 41-44 |
| 625 | ئۇھۇد جېڭى | 3: 121, 122, 140, 165-172 |
| 627 | خەندەك جېڭى | 33: 9-12, 25-27 |
| 628 | ئۇدبىر جېڭى | 48: 1-3, 22-27 |
| 629 | مۇدا جېڭى | 2: 191-193 |
| 630 | خۇنسىن جېڭى | 9: 25-27 |
| 630 | تابۇق جېڭى | 9: 38-40, 42-52, 65, 66, 81-83, 86, 87, 90, 93, 117 |
| 630 | مەككە جېڭى | 9: 12; 28: 85; 61: 13; 110: 1-3 |

● مىلادى 623-630 يىللىرى ئارلىقىدا جەمى يەتمىش نەچچە قېتىم ئۇرۇش بولىدۇ.

● مەككىدىكى چاغدا مۇسۇلمانلارنىڭ چۈشەنچىسىدىكى «جىھاد» بولسا، سۆزلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئېتىقاتىنى قوغداش ئىدى. ئۇلار ئۇرۇق-تۇققانلىرىنىڭ ھىمايىسى بىلەن ساق تۇراتتى. پەقەت ئىگەچاقىسى يوق قۇللارلا ۋەھشى مۇئامىلىگە ئۇچرىغان بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە تۇنجى بولۇپ شىھىت بولغانلار ئەنە شۇلار ئىدى.

ئۇلار مەدىنىگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، جىھادنىڭ مەنىسىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ. مۇسۇلمانلار پاسسىپ ھالدىكى قوغدىنىشتىن، ئاكتىپ ھالدىكى ھوجۇمغا ئۆتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھوجۇمى پىلانلىق، تەشكىللىك ۋە ئەسەبىلىك ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش مەككىدىكى تەلىملەرگە ماس كەلمەيدۇ. مۇسۇلمانلار دەسلەپكى تىنچ كوللىكتىپتىن، قىسقىغىنە ۋاقىتتا ئۆزگىرىپ ئەسەبىي تەشكىلاتقا ئايلىنىدۇ، ھەتتا ئۆلۈشتىنمۇ قورقمايدۇ.

- ۋاھالەنكى، بىرىنچى قېتىملىق ھەربىي ھەركەتتە نۇرغۇن مۇسۇلمانلار يەنىلا مۇھەممەتكە قارشى تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىدۇ. ئۇلار جەڭگە ئەمەس دۇئاغا مۇھتاج ئىكەنلىكىنى، قان ئاققۇزۇشتىن كۆرە، جەننەتكە تەييارلىق قىلىشنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئېيتىدۇ. ئەمما مۇھەممەت داۋاملىق ۋە سېستىملىق ھالدا ئۇلارنىڭ كاللىسىنى يۇيىدۇ. ئۇ باشتا ئاللادىن بىۋاستە ۋەھى كەلدى دەيدۇ. كېيىن يەنە تەھدىت سېلىش، قارغاش، ۋەدە بېرىش قاتارلىق ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئۇلارنى جەڭ قىلىشقا قۇتراتتىدۇ. بىراق كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلار يەنىلا ئاددى ھەم مەدەنىي تۇرمۇش كەچۈرۈشنى تاللاپ، جەڭ قېلىشقا ئۇنىمايدۇ. شۇ چاغلاردا مۇھەممەت ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم مەدەنىيەتسىز قالاق ئادەملەرنى مەككىنىڭ سودا كارۋىنىغا ھوجۇم قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. بۇ قاراقچىلار بولاڭ-تالاڭ قىلغان ئولجىلىرىنى ئېلىپ مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندە، شەھەردە قالايمىقانچىلىق چىقىدۇ، مۇسۇلمانلار ۋە يەھۇدىلار ئۇلارنىڭ بۇنداق زوراۋانلىق قىلمىشىنى ئەيىپلەيدۇ، ھەمدە بۇلاپ كەلگەن نەرسىلەرنى ئالمايدۇ. مۇھەممەت ئۇلارنى ياخشى چۈشەنگەچكە، ماللارنى تۆگىدىن چۈشۈرمەي ساقلاپ تۇرۇشنى بۇيرۇيدۇ. نەچچە كۈن ئۆتمەيلا ئاللادىن ئۇنىڭغا يەنە ۋەھى كىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كاپىرلاردىن بۇلىۋالغان نەرسىلەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا ھالال ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ، ھەمدە ھېلىقى ماللارنى بۆلىشىۋالىدۇ. ئۇنىڭ بۇ تاكتىسى مۇسۇلمانلار ئىچىدە رول ئوينايدۇ، شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى قېتىملىق بۇلاڭ-تالاڭغا قاتنىشىدىغان مۇسۇلمانلار تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەككىدىن كۆچۈپ كەلگەن 83 ئادەم ۋە مەدىنەلىك 231 ئادەم بار ئىدى.

- مىلادى 623، 624-يىللىرى، مۇھەممەت «ئاللا ئۈچۈن جەڭ قېلىش» دىگەن شۇئار بىلەن، مەككىلىكلەرنىڭ سودا كارۋىنىغا قوراللىق ھوجۇم قىلىدۇ. ئۇ ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ ماللىرىنى بۇلايدۇ. بۇ ئارقىلىق بىر تەرەپتىن مەككىنىڭ سودا ئىشلىرىغا زەربە بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن جەڭ ئولجىسىغا ئېرىشىپ، ئەملى كۈچى ۋە نام-ئابرويىنى يوقىرى كۆتىرىدۇ. بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچرىغان كارۋان ئەترىتى ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن مەككىلىكلەردىن 950 ئادەمنى توپلاپ مەدىنىگە يۈرۈش قىلىدۇ. ئىككى شەھەر ئوتتورسىدىكى بەدىر دىگەن جايدا، مۇھەممەت 324 ئادەمدىن تەشكىل تاپقان ئاز ساندىكى قوشۇنى بىلەن مەككىلىكلەرنى يېڭىۋالىدۇ. ئۇ بۇ

جەڭدە 70 ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ 70 ئادەمنى ئەسىر ئالىدۇ.

• مىلادى 625ـ يىلى مەككىلىكلەر ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن زور قوشۇن تەشكىللەپ مەدىنىگە ھوجۇم قىلىدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى ئۇھۇد تېغىنىڭ باغرىدا ئۇرۇش قىلىدۇ. جەڭدە مۇھەممەت يارلىنىدۇ، مۇسۇلمانلار مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىدۇ. ئەمما مەككىلىكلەر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەدىنىگە باستۇرۇپ كىرمەي، قايتىپ كېتىدۇ.

• مىلادى 627ـ يىلى، مەككىلىكلەر يەھۇدىلار بىلەن بىرلىشىپ 12 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن مەدىنىگە قورشاپ ھوجۇم قىلىدۇ. مۇھەممەت شەھەر ئەتراپىغا خەندەك كولاپ سۇ توشقۇزۇپ قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. مەككىلىكلەر شەھەرنى 15 كۈن قورشاۋغا ئالغاندىن كېيىن چېكىنىپ كېتىدۇ. مۇھەممەت شەھەردىن چىقىپ ھوجۇم قىلىپ نۇرغۇن ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. مەككىلىكلەر شۇنىڭدىن كېيىن مەدىنىگە ھوجۇم قىلالمايدۇ.

• مىلادى 628ـ يىلى مۇھەممەت ھەج قىلىشنى باھانە قىلىپ، مەككىگە قوشۇن تارتىپ بارىدۇ. مەككىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى ئۇنىڭ بىلەن مۇرەسسە قىلىپ، «ئۇدەيبىيە ئەھدىسى» نى تۈزىدۇ. ئىككى تەرەپ 10 يىلغىچە ئۇرۇشمايدىغان، مەككە قۇرەيشلىرى ھەر يىلى 3 كۈن مەككىدىن چېكىنىپ مۇسۇلمانلارنىڭ كەئبىنى تاۋاپ قىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىدىغان بولىدۇ. مۇھەممەت ئۇرۇش توختىغان مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەتراپتىكى دۆلەت ۋە قەبىلىلەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خەيبەردىكى يەھۇدىلارغا جازا ئۇرۇشى قوزغاپ، ئۆزىگە قارشى كۈچلەرنى تازلايدۇ.

• مىلادى 630ـ يىلى، مۇھەممەت ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ مەككىلىكلەر بىلەن تۈزگەن ئەھدىنامىسىنى بۇزىدۇ. ئۇ ئون مىڭ كىشىلىك مۇسۇلمان قوشۇنىنى باشلاپ مەككىگە ھوجۇم قىلىپ بارىدۇ. ئەبۇ سۇفيان باشچىلىقىدىكى مەككە ئاقسۆڭەكلىرى تەسلىم بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە مۇھەممەتنىڭ پەيغەمبەرلىك سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. مۇھەممەت قوشۇنىنى باشلاپ كەئبىگە كىلىدۇ، ھەمدە ئۇنىڭ ئىچىدىكى 360 بۇتنى بۇزۇپ تاشلايدۇ.

• مىلادى 630ـ 632 يىللىرى، مۇھەممەت ئەرەپ قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ زور قوشۇن تەشكىللەيدۇ. «ئاللا ئۈچۈن دۇنيانى بويسۇندۇرۇش» دىگەن باھانە بىلەن نۇرغۇن ئۇرۇش قوزغاپ، تەسىر دائىرىسىنى ئۆزلۈكسىز كېڭەيتىدۇ.

• مىلادى 631ـ يىلى بەزى قەبىلىلەر مۇھەممەتكە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا باج تۆلەشكە رازى ئىكەنلىكىنى، بۇ ئارقىلىق تىنچلىققا ئېرىشمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

● مىلادى 631-يىلى مۇھەممەتنىڭ قېينئاتىسى ئابابەكرى مۇسۇلمانلارنى باشلاپ مەككىگە تاۋاپ قىلغىلى كىلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي مۇھەممەتنىڭ جىيەنى ئەلى مۇنداق دەپ جاكارلايدۇ: مۇسۇلمان بولمىغانلار مەككىگە كىرىشكە بولمايدۇ، ھەرقانداق بىر ئەرەپ قەبىلىسى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمايدىكەن، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن قىلغان بارلىق ئەھدىنامىسى بىكار قىلىنىدۇ.

● مىلادى 632-يىلى 6-ئاينىڭ 8-كۈنى مۇھەممەت مەدىنىدە ئالەمدىن ئۆتىدۇ. مۇسۇلمانلار رەھپەرلىك مەسىلىسىدە ئېغىر كىرزىسقا دۇچ كىلىدۇ، چۈنكى مۇھەممەت ئۆلۈپ كىتىشتىن بۇرۇن ۋارىسلىق قىلغۇچىسىنى بىكىتمىگەن ئىدى. يېڭى داھىنى ئەمدى پەيغەمبەر دەپ ئاتاشقا بولمايتى، چۈنكى مۇھەممەت ئۆزىنى ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر دەپ جاكارلىغاندى. مۇسۇلمانلار ئۇ ئۆلگەندىن كىيىن ئاللانىڭ يەنە ۋەھى چۈشۈرمەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەككە ۋە مەدىنەلىكلەر ئوتتورىسىدا تالاش-تارتىش كىلىپ چىقىدۇ. ھەر ئىككىلا تەرەپ ئۆزلىرىنى مۇھەممەتنىڭ ۋارىسى دەپ قارايدۇ. مەككە مۇسۇلمانلىرى مۇھەممەتنىڭ قېينئاتىسى ئابابەكرىنى خەلىپە قىلىپ سايلايدۇ. بىراق مەدىنەدىكى مۇسۇلمانلار مۇھەممەتنىڭ كۈيئوغلى ئەلىنى مۇھەممەت ھايات ۋاقتىدا بىكىتكەن ۋارىسى دەپ قارايدۇ.

● مىلادى 632-يىلدىن تاكى 1683 يىللىرىغىچە، ئىسلام پادىشالىقلىرى ئىسلام دىنىنىڭ تەلىمى بويىچە غەربى ئاسىيا، ئوتتورا ئاسىيا، جەنۇبى ئاسىيا، شىمالى ئافرىقا، شەرقى جەنۇبى ياۋرۇپا ۋە غەربى جەنۇبى ياۋرۇپا قاتارلىق رايونلاردا كەڭ كۆلەمدە دىنى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بارىدۇ.

● مىلادى 632-634 يىللىرى خەلىپە ئابابەكرىنىڭ ۋاقتىدا، ئەرەپ يېرىم ئارىلىنىڭ سىياسى ۋەزىيىتى مۇقىم ئەمەس ئىدى، ھەتتا قالايمىقانچىلىقمۇ چىققانىدى. يالغاندىن ئىسلامغا كىرگەن بەزى قەبىلىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى باھانە قىلىپ، پايتەخت مەدىنىگە داۋاملىق باج تاپشۇرۇشقا ئۇنىمايدۇ ۋە مەركىزى ھاكىمىيەتنى رەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىچكى قىسىمدا پارچىلىنىش يۈز بېرىدۇ. خەلىپە ئابابەكرى ئۇلارغا قارشى جازا يۈرۈشى ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن جەڭلەرنى قىلىدۇ. ئۇ خالىد ئىبنى ۋالىد قوماندانلىقىدىكى قوشۇننى ئەۋەتىپ، مەككىنىڭ مەدىنىدىن ئايرىلىپ كىتىشىنى توسىدۇ. باشقا مۇسۇلمان سەركەردىلەرمۇ ئامان، يەمەن قاتارلىق جايلاردا غەلىبىگە ئېرىشىدۇ. ئەرەپ يېرىم ئارىلى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ نوپۇزى تېخىمۇ يوقىرى كۆتىرىلىدۇ. ھەرقايسى جايلاردىكى توپىلاڭلار باستۇرۇلغاندىن كىيىن، ئەرەپلەر ئىسلام دىنىنىڭ بايرىقى ئاستىدا چەتئەللەرنى ئىستىلا قىلىشقا باشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىسلامنىڭ تەسىر دائىرىسى دۇنياغا يۈزلىنىدۇ.

● مىلادى 633-يىلى كۈزدە، ئابابەكرى ئۈچ قوشۇننى تەشكىللەپ ىىراققا سەپەرۋەر

قىلدۇ. ئەرەپ ئارمىيىسى ئۆلۈك دېڭىزنىڭ جەنۇبىدا ۋىزانتىيە (شەرقى رىم) ئىمپېرىيىسىنىڭ پەلەستىندە تۇرۇشلۇق باش ۋالىسىنى سەگىئوسنى مەغلۇپ قىلدۇ، ھەمدە گازا رايونىدا ئۇنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى پۈتۈنلەي تارمار قىلىدۇ. ۋىزانتىيە پادىشاھى ھىراكلىۇس قايتارما ھوجۇم تەشكىللەيدۇ. ئابابەكرى ئېراقتا ئۇرۇش قىلىۋاتقان خالىد ئىبىن ۋالىدنى ياردەمگە ئەۋەتىدۇ. ئۇنىڭ قوشۇنى 18 كۈن يۈرۈش قىلىپ، دەمەشىق ئەتراپىدا ۋىزانتىيە ئارمىيىسىنىڭ كەينىدىن قورشاۋغا ئالىدۇ. 634-يىلى ۋىزانتىيە ئارمىيىسى مەغلۇپ بولىدۇ. مۇسۇلمانلار پەلەستىن رايونىنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچىدۇ.

• ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن ساسانىلار (پارس) ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك داۋاملاشقان ئۇرۇشتا ھەر ئىككى تەرەپ ھالىدىن كەتكەن بولۇپ، خەلىپە ئۆمەر مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جىھاد ئۇرۇشى قوزغاپ غەربى ئاسىيا ۋە شىمالى ئافرىقىنى ئىگەللەيدۇ، پەلەستىن ۋە سۈرىيەدىكى خىرىستىيان شەھەرلىرىنى تارتىۋالىدۇ. 634-637 يىللىرى ئالدى كەينى بولۇپ دەمەشىق، ئانتاكىيا ۋە يېرۇسالىم قاتارلىق شەھەرلەرنى بېسىۋالىدۇ. 638-642 يىللىرى ئېراق ۋە مىسىرغا، 640-642 يىللىرى پارسقا (ئېران)، 640-يىلى ھىندىستانغا باستۇرۇپ كىرىدۇ.

ئۇ پەرمان چىقىرىپ ئەرەپ زېمىنىدا ئەرەپلەردىن باشقا ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئولتۇراقلىشىشىنى چەكلەيدۇ، ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىدۇ. مۇسۇلمانلار بېسىۋالغان زېمىنلاردا، مۇسۇلمان ئەمەس مىللەتلەرگە ئېغىر باج (جىزىيە) تۆلەتكۈزىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئىسلامغا كىرسە باجنى ئازلىتىدۇ ياكى كەچۈرۈم قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ پۈتۈن ئەرەپ يېرىم ئارىلى تولۇق ئىسلاملاشتۇرىلىدۇ. بېسىۋېلىنغان شەھەرلەر كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ بازىلىرىغا ۋە ھەرخىل مەزھەپلەرنىڭ مەنبىئىگە ئايلىنىدۇ.

644-يىلى ئۆمەر مەدىنىدىكى مەسچىتتە ئىبادەت قىلىپ ناماز ئوقۇۋاتقاندا پارس مىللىتىدىن بولغان بىر قۇل تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

• مىلادى 644-656 يىللىرىدىكى خەلىپە ئوسمانىنىڭ ۋاقتىدا، ئۇ داۋاملىق غەرپكە يۈرۈش قىلىپ شىمالى ئافرىقىنى بويسۇندۇرىدۇ، بېركو، تىرىپولى، كارتاگى، سىپروس (650-يىلى) قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالىدۇ. شەرقتە ئەرمىنىيەنى بويسۇندۇرىدۇ (646-يىلى)، پارس ۋە خۇراسان رايونىدىكى توپىلاڭلارنى باستۇرىدۇ. ئىسلام ئارمىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيادا تاكى بەلىخ، كابۇل، غەزنە قاتارلىق جايلارغىچە بېسىپ بارىدۇ، ۋە بۇ رايوندىكى ئاھالىلەرنى مەجبۇرى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزىدۇ. ئوسمان ئەسلى بۇرۇنقى مەككىدىكى ھۆكۈمدار جەمەتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، تەختكە چىققاندىن كېيىن، مۇھەممەتنىڭ يېقىن ئەگەشكۈچىلىرىنى چەتكە

قاقىدۇ. ئەتراپىغا ئۆزىنىڭ ئادەملىرىنى يېغىپ، باشقىلارغا شەخسىيەتچىلىك ۋە ساختىپەزلىك قىلىدۇ. بۇلاپ كەلگەن مال-مۈلۈكلەرنى ئايرىشتا ئادىل بولمايدۇ. شۇ سەۋەپتىن ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان دۈشمەنلىكى بارغانسىرى يوقىرىلايدۇ. دۆلەت ئىچىدە دائىم قالايمىقانچىلىق چىقىپ، ھەرقايسى رايونلاردا قارشىلىق ۋە توپىلاڭ كۆتىرىلىدۇ. مىلادى 656-يىلى خەلىپە ئوسمان ئۆز ئىچىدىكى پارچىلىنىپ كەتكەن گورۇھلار تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ ئىسلام ئىچكى مەزھەپلەر ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىشىدۇر.

● مىلادى 656-661 يىللىرى. خەلىپە ئەلى ئەسلىدە مۇھەممەتنىڭ كۈيئوغلى بولۇپ، دەسلەپكى دىنى ھاكىمىيەتنىڭ ئاقسۆڭەكلىرىدىن ئىدى. ئۇ ئىسلام ھاكىمىيىتىنى ئەسلى قىياپىتىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بۇرۇنقى خەلىپە ئوسماننىڭ تەيىنلىگەن ئادەملىرى ۋە قارارلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ مەنپەتىگە تىگىپ نارازىلىق پەيدا قىلىدۇ. بىرىنچى قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش «تۆگە ئۇرۇشى» دا، ئەلى مۇھەممەتنىڭ خوتۇنى ئائىشەنى مەغلۇپ قىلىدۇ. ئۇندىن سىرت مۇھەممەتنىڭ بۇرۇنقى رەقىبلىرى بولغان مەككە ئاقسۆكەڭلىرىنىڭ ۋارىسى مۇئاۋىيەلەرمۇ سۇرىيەدە ئىش تېرىيدۇ. شۇنىڭ بىلەن كونا ۋە يېڭى ئۆچمەنلىكلەر يىغىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى ئۇرۇشىغا سەۋەپچى بولىدۇ، ھەمدە بىر بىرسىگە قارمۇقارشى بولغان سىياسى مەزھەپلەر پەيدا بولىدۇ. ئىفرات دەرياسى بىلەن سۇرىيە ئوتتورسىدا بولغان ئۇرۇشتا ئەلى ئەجەللىك يارلىنىدۇ. ئۇ مىلادى 660-يىلى دۈشمەنلىرى بىلەن سۈلھى تۈزەيدۇ. ئەلىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر قىسىم ئادەملەر بۇنىڭدىن نارازى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كىتىدۇ ۋە كىيىن خاۋارىجلار مەزھىپىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. مىلادى 661-يىلى ئەلى خاۋارىجلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەلى ئۆلگەندىن كىيىن ئوغلى ھەسەن ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئەمما كىيىن ئۇ ۋارىسلىق ھوقوقىدىن ۋاز كىچىدۇ، ئورنىغا ئىنىسى ھۆسەن دەسسەيدۇ. مىلادى 680-يىلى ئېراقتا بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا ھۆسەن مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رەسمىي خەلىپە ئاخىرلىشىپ، مۇسۇلمانلار پارچىلىنىپ كىتىدۇ. سۈنئىلەر بىلەن شىئەلەر توقۇنۇشۇۋاتقان پۈرسەتتە، مۇئاۋىيەلەر ھوقوقنى تارتىۋالىدۇ.

● مىلادى 661-750 يىللىرى. ئۇمەييە سولالىسى دىنى جەھەتتە، مۇسۇلمان ئەمەسلەردىن ئالىدىغان جىزيە بېجىنى ئازايتىپ، ئارمىيەگە كۆپلەپ ئەسكەر قوبۇل قىلىدۇ، ھەم ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىدۇ. ھەربى جەھەتتە، سىرتقا قارىتا تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش قوزغايدۇ.

● مىلادى 7-8 ئەسىرلەردە، مۇئاۋىيەلەر دەمەشقتە ئۆز ئالدىغا خەلىپە تىكلىگەندىن كىيىن، داۋاملىق كېڭەيمچىلىك ئۇرۇشى ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار شەرققە يۈرۈش قىلىپ

ئافغانىستان، ھىندىستاننىڭ شىمالى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبى، تاشقى كاۋكاز رايونى قاتارلىق زېمىنلارنى بېسىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن جوڭگو، ھىندىستان ۋە بۇددا دىنى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. شىمالدا ۋىزانتىيە (شەرقى رىم) ئىمپېرىيىسى بىلەن داۋاملىق توقۇنۇشىدۇ. ئۇلار كونىستانتىنپول (ھازىرقى ئىستانبول) شەھرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ باققان بولسىمۇ، ئەمما نەتىجىسى بولمايدۇ. غەرپتە شىمالى ئافرىقىدىكى تونىس، ئالجىرىيە، مورووككو قاتارلىق يەرلەرنى بويسۇندۇرۇپ، ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بۇ جايلاردىكى تەسىرىنى يوقىتىدۇ. شىمالى ئافرىقىدىكى كۆچمەن خەلق بەربەرلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزىدۇ.

● مىلادى 711-يىلى شىمالى ئافرىقىدىكى بەربەرلەرنى ئاساس قىلغان ئەرەپ ئارمىيىسى جەبىلتارىق بوغۇزىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، ئىسپانىيەگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىدۇ. ئۈچ يىللىق قاتتىق ئۇرۇشتىن كېيىن، پىرىنېئوس يېرىم ئارىلىنى (ئىسپانىيەنى) بېسىۋالىدۇ، ھەم بۇجايىنى 800 يىل ئىدارە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى غەربى جەنۇبى ياۋروپاغا تارقىلىپ كىرىپ، بۇ يەرنىڭ مەدىنىيەت ۋە ئۆرپ-ئادىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

● مىلادى 732-يىلى، مۇسۇلمان ئارمىيىسى داۋاملىق شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، فىرانسىيەگە ھوجۇم قوزغايدۇ. ئەمما فىرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى چارلىز مارتېل (لەقىمى بازغان) تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ غەربى جەنۇبى ياۋروپادىكى ھوجۇمى توختايدۇ.

● شۇنىڭ بىلەن ئۇمەييە سۇلالىسى دەۋرىدە، ئەرەپ ئىسلام ئىمپېرىيىسى غەرپتە ئىسپانىيەدىن تارتىپ، شەرقتە ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولغان بىياپايان زېمىنلارنى بېسىۋېلىپ، ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا ئۈچ قىتئەدىن ھالقىغان چوڭ ئىمپېرىيە بولۇپ شەكىللىنىدۇ.

● ئۇمەييە سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، دۆلەت ئىچىدىكى سىياسى ۋە مەزھەپ توقۇنۇشلىرى كەسكىنلىشىدۇ. ئەمەلدارلار پارىخورلۇققا بېرىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنى ھالسىرىتىدۇ. ھەرقايسى جايلاردا خەلق قوزغىلاڭلىرى پارتلايدۇ.

● مىلادى 750 ـ 950 يىللىرىدىكى ئابباسىلار سۇلالىسى. مۇھەممەتنىڭ تاغىسى ئابباسنىڭ ئەۋلادلىرى ئەلىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، ئۇمەييە سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇۋېتىپ، باغداتتا ئاباسىلار سۇلالىسىنى قۇرىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەزھەپ ئۇرۇشلىرى داۋاملىشىدۇ.

● مىلادى 821 ـ 833 يىللىرى، مۇسۇلمانلار غەربى ياۋروپا ۋە شەرقى ياۋروپادىكى ئۇرۇشلاردا مەغلۇپ بولىدۇ.

● مىلادى 825-يىلى مۇسۇلمانلار ئىتالىيەنىڭ جەنۇبىدىكى سىسىلىيە ئارىلىغا

هوجۇم قىلىپ، ئارالنى ئىگەللىۋالدۇ، ھەمدە ئۇنى تاكى 1050 ـ يىللىرىغىچە ئىدارە قىلىدۇ.

● مىلادى 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، دۆلەت فېئودال سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىنى يولغا قويغاچقا، ھەرقايسى جايلاردىكى ۋالىلار ۋە چوڭ يومشچىكلار ئۆز ئالدىغا كۈچ توپلايدۇ. ئىچكى قالايمىقانچىلىك ۋە مەزھەپلەر توقۇنىشى كۆپىيىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاباسىلار سولالىسى ئۇششاق دۆلەتلەرگە پارچىلىنىپ كېتىدۇ.

● مىلادى 950 ـ 1258 يىللىرى، ئاباسىلار سولالىسى ھەربىلەرنىڭ كونتروللىقىغا چۈشۈپ، ئىسلام خەلىپىسى ئەمىلى ھوقوقى بولمىغان قورچاق داھىيغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

● مىلادى 10 ـ ئەسىردە، ئاباسىلار سولالىسى بىلەن تىركىشىدىغان بىر نەچچە خەلىپە دۆلىتى بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن، مىسىردىكى فاتىمە پادىشالىقى (990 ـ 1171)، ئىسپانىيەدىكى كېيىنكى ئۇمەييە پادىشالىقى (756 ـ 1031) قاتارلىقلار. سالجۇق تۈركلىرى پايتەخت باغداتقا كىرىدۇ.

● مىلادى 1000 ـ يىلى، مەخمۇد ئىسلام ئەسكەرلىنى باشلاپ ھىندىستاننىڭ غەربى شىمالىدىكى پەنجاپ ئۆلكىسىنى بېسىۋالىدۇ. لاھاردا مۇسۇلمان ۋالىدىن بىرنى تىكلەيدۇ.

● مىلادى 1055 ـ 1194 يىللىرى. تۈركلەرنىڭ سالجۇق قەبىلىسى ئۆز ئالدىغا دۆلەت قۇرۇپ، باغداتنى ئەرەپلەردىن تارتىۋالىدۇ. يەنە رىملىقلارنىڭ قولىدىن كىچىك ئاسىيا (ھازىرقى تۈركىيە) نى تارتىۋالىدۇ، 1095 ـ يىلى يىرۇسالىمنى بېسىۋالىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتلاردا ئىسلام تىرىتورىيىسىدە يەنە ئۈچ چوڭ ئىمپىرىيە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى مۇغۇل ئىمپىرىيىسى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۆمۈرلەڭ ئىمپىرىيىسى ۋە تۈركىيەدىكى ئوسمان ئىمپىرىيىسى قاتارلىقلار ئىدى.

● مىلادى 1099 ـ يىلى ئەھلى سەلىپ ئارمىيىسى يىرۇسالىمنى ئىگەللەيدۇ. ئەمما 1169 ـ 1187 يىللىرى سالاھىدىن باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمان ئارمىيىسى شەھەرنى قايتۇرۇۋالىدۇ.

● مىلادى 1206 ـ يىلى تۈرك مۇسۇلمانلىرى ھىندىستاننىڭ شىمالىغا باستۇرۇپ كىرىپ، دېھلىدا «سۇلتانلىق» قۇرىدۇ.

● مىلادى 1220 ـ 1258 يىللىرى، مۇڭغۇل ئارمىيىسى باغداتقا باستۇرۇپ كىرىدۇ، ھەمدە شەھەرنى كۆيدۈرۈپ ۋەيران قىلىۋېتىدۇ.

## ئىسلامنىڭ مۇسىبىتى

● ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، مۇھەممەتنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرى ۋە يېقىن ساھابىلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئالاھىدە ھۆرمىتى ۋە ھوقوقى بار ئىدى. شۇڭا مۇھەممەتكە ئەڭ يېقىن تۇرغان بۇ ئادەملەرنىڭ قىلغان ئىش-ھەرىكىتىگە ئاساسەن، ئىسلامنىڭ بەرگەن مۇسىبىتىنىڭ ياخشى ياكى يامانلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ.

● ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى مۇسۇلمانلار بىربىرىسىگە رەھىمسىزلىك ۋە ۋەھشىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشقان. مۇھەممەت ئۆلۈپ ئىككىنچى كۈنىلا، ئۇلار خەلىپىلىكنى تالىشىپ ئۇرۇشۇپ كەتكىلى، ھەتتا بىر بىرسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاسلا قالىدۇ. خەلىپە ئوسماننىڭ ۋاقتىدا ۋەزىيەت تېخىمۇ يامانلىشىپ كىتىدۇ. مۇسۇلمانلار تەرەپ-تەرەپتىن توپىلاڭ كۆتىرىپ ئوسمانغا قارشى چىقىدۇ. تۇنجى خەلىپە ئابابەكرىنىڭ ئوغلى ئوسماننى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە قاتنىشىدۇ. خەلىپە ئوسمانغا ئاسىيلىق قىلغان بۇ مۇسۇلمانلار كىيىن مەدىنىدىكىلەرگە بېسىم قىلىپ، ئەگەر دەرھال يېڭى خەلىپىدىن بىرنى تىكلىمىسە، ئۇلارنىڭ ھەممىنى قىرۋىتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھەربىر خەلىپىنىڭ باللىرى ھوقۇق تالىشىپ يەنە بىر خەلىپىنىڭ باللىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ، ھەتتا داڭلىق ساھابە ھىساپلانغان زۇبەيرنىڭ باللىرىمۇ ئۆچمەنلىك بىلەن ئۇرۇش قوزغايدۇ. ئەلىدىن تارتىپ يەزىد ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەرگىچە، مۇسۇلمانلار ھە دىسىلا بىربىرسىنى قەستلەيدۇ، ئۆلتۈرىدۇ، ئاسىلىق قىلىدۇ، توپىلاڭ كۆتىرىدۇ. ئۇلار مەككىدە ئۇرۇش قوزغاپ، كەئبىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. شۇ جەريانلاردا مەككە، مەدىنە، بەسرە، كۇفا، سۈرىيە، يەمەن، مىسىر قاتارلىق جايلاردا مىڭلىغان-ئونمىڭلىغان ئادەم جېنىدىن ئايرىلىدۇ.

● ئىسلام دىنىغا نىسبەتەن، تاشقى جەھەتتىكى بويسۇنۇش ھەممىدىن مۇھىم بولۇپ، ئىچكى جەھەتتىكى روھى پاكلىققا ئانچە ئېتىۋار قىلىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا ئەلىگە ئوخشاش ئادەم ئۆلتۈرىدىغان جاللاتلار مۇسۇلمانلارنى يىتەكلەپ ناماز ئوقۇسىمۇ، ئەمما كىم ئۇنىڭغا بويسۇنمىسا، ئۇنى شۇ ھامان ئۆلتۈرۋىتەلەيدۇ. مۇھەممەتنىڭ خوتۇنى ئائىشە بىر ئۆمۈر ئەلىگە ئۆچمەنلىك ساقلاپ، تاكى ئۆلۈپ كەتكىچە شۇنداق ياشايدۇ. ئوسمان ئۆز قەبىلىسىدىكىلەرنى ئالاھىدە ئىمتىيازلارغا ئىگە قىلىمەن دەپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە پارىخورلۇق ۋە چىرىكلىكنى ئاشۇرۇۋىتىدۇ. ھەسەن مال-دۇنيانى قوغلىشىپ ئۆزىنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقىنى سېتىۋىتىدۇ، ھەمدە نەچچە يۈزلىگەن خوتۇن ۋە توقاللىرى بىلەن ئەيشى-ئىشرەتتە ئۆتۈپ، مال-دۇنيالىرىنى بۇزۇپ چاچىدۇ.

● مۇھەممەتنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ھوقوققا بولغان كۈچلۈك ئىشتىياقى ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇرۇش-جىدەل، ئۆچمەنلىك، ھەسەتخورلۇق، پىتنە-پاسات، ئالدامچىلىق ۋە زەھەرخەندىلىكنىڭ پەيدا بولىشىغا سەۋەپچى بولىدۇ، شۇنداقلا يەنە نۇرغۇن قان

تۆكۈلۈشكە سەۋەپ بولىدۇ. ئۇلار باشقا مۇسۇلمانلارغا كەڭ كۆلەمدە قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارىدۇ، ياۋايىلارچە ۋەھشى قىلمىشلارنى سادىر قىلىپ، زەھەرخەندىلەرچە زىيانكەشلىكلەرنى قىلىدۇ.

● مۇھەممەتنىڭ ساھابىلىرى بىربىرسىگە مېھىر-مۇھەببەتلىك بولۇپ ئۆتمەيدۇ. ئاللامۇ ئۇلارنىڭ قەلبىنى بىر يەرگە يىغالمايدۇ. گەرچە قۇرئاندا «ئاللا ئۇلارنى (مۇسۇلمانلارنى) بىر يەرگە يىغىدۇ، ئۇ ھەممىگە قادىردۇر» (قۇرئان 8:63) دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەمىلىيەتتە ئۇنداق بولمايدۇ.

● مۇھەممەت ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن مۇنداق دېگەن: «ئاللانىڭ نامى بىلەن، مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، سىلەرنىڭ ئاللادىن باشقا ئىلاھقا چوقۇنىشىڭلاردىن ئەنسىرمەيمەن، ئەمما بىربىرىڭلار بىلەن بۇ دۇنيادىكى نەرسىلەرنى تالىشىپ ئۇرۇشۇپ كېتىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن». (بۇخارى ھەدىسلىرى 2:428 )

● ھازىرقى دەۋردىكى ئىسلام دۇنياسىمۇ، خۇددى ئەڭ دەسلەپكى مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش، بىر دۆلەت قانچە ئىسلاملاشسا، ئۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار باشقا مۇسۇلمانلارغا ۋە مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە شۇنچە كۈچلۈك بېسىم ۋە زوراۋانلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ھەرقانداق بىر دەۋردىكى ئىسلامدا تىنچلىق بولۇپ باققان ئەمەس. مۇسۇلمانلار كاپىرلارغا جۈملىدىن خرىستىيانلار، يەھۇدىلار، ھىندىلار، بۇددىستلار ۋە دىنسىزلارغا ھوجۇم قىلمىغان چاغلاردىمۇ، ئۆز ئىچىدىن بىربىرسى بىلەن مەزھەپ تالىشىپ ئۇرۇشىدۇ.

## ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشى [1]

## ئومومى بايان:

● مىلادى 7-ئەسىردىن تاكى 17- ئەسىرلەرگىچە، ئىسلام ئىمپېرىيىلىرى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى دۆلەتلەرگە قارىغاندا كۈچلۈك ئىدى، شۇنداقلا تاجاۋۇزچىلىق خاراكتېرىنى ئالغانىدى.

● ئىسلام ئىمپېرىيىسى قۇرۇلۇپ كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا باشلاپ، تاكى 400 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشى باشلىنىدۇ. گەرچە ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشى غەلىبە قىلالمىغان بولسىمۇ (يېرۇسالىمنى تولۇق قايتۇرۇۋالالمىغان بولسىمۇ)، ئەمما 200 يىلدەك ۋاقىت تىركىشىپ، ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ ياۋروپاغا تاجاۋۇز

[1] ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشى: ئىسلام ئىمپېرىيىسى قۇرۇلۇپ، مۇسۇلمانلار مۇقەددەس شەھەر يېرۇسالىمنى بېسىۋالىدۇ. كېيىن يەنە ياۋروپاغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ياۋروپادىكى خرىستىيان ئەللىرى ئىسلامغا قارشى ئىتتىپاق قۇرىدۇ، ھەمدە مۇقەددەس شەھەر يېرۇسالىمنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇزۇن يىل جەڭ قىلىدۇ. بۇ تارىختا ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشى دەپ ئاتالغان.

قىلىپ كىرىشنى چەكلەپ تۇرىدۇ. (ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، كېيىنكى ياۋرۇپا مەدىنىيىتى ۋە ھازىرقى زامان مەدىنىيىتىمۇ شەكىللىنەلمىگەن بولاتتى)

● ھازىرقى دەۋردىكى بەزى خىرىستىيان داھىلار ئەھلى سەلىپنىڭ تارىختا قوزغىغان ئۇرۇشى ۋە زوراۋانلىق قىلمىشلىرى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، ئەھلى سەلىپ قوزغىغان ئۇرۇش ۋە قىرغىنچىلىق مەسىھ ئېتىقاتىغا ئۇيغۇن ئەمەس، ئۇلار ئەيسا مەسىھنىڭ تەلىمى ۋە ئەمىلىيىتىنى ئۇلگە قىلمىغان.

● ھالبۇكى مۇسۇلمانلارنىڭ داھىلىرى تارىختىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ نامى بىلەن باشقا مىللەتلەرگە ئېلىپ بارغان تاجاۋۇزچىلىقى ۋە قىرغىنچىلىقى ئۈچۈن ئەزەلدىن كەچۈرۈم سوراپ باققان ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، ئۇ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرى ۋە قىرغىنچىلىقلار ئىسلام دىنىغا ئۇيغۇن، ئۇلار مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ تەلىمى ۋە ئەمىلىيىتىنى ئۇلگە قىلغان.

## ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشىدىن بۇرۇنقى تارىخ

● مىلادى 632-يىلى مۇھەممەت ئۆلگەندىن كېيىن، ئەرەپ مۇسۇلمانلىرى مۇھەممەتكە چۈشكەن «ۋەھى» ۋە ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۇلگە قىلىپ، قىلىچ-توقماقتا تايىنىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن باشقا مىللەتلەرگە ھوجۇم قىلدۇ، ھەمدە بۇ ئارقىلىق دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. ئۇلار مەسىھىيلەرگىمۇ ھوجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن زىمىنلىرىنى بېسىۋالدۇ. كېيىنكى مىڭ يىل جەريانىدا كۆپىنچە ئەھۋالدا مۇسۇلمانلار مەسىھلەرگە ھوجۇم قىلىپ ئۇرۇش قوزغىغان.

● مۇھەممەت ئالەمدىن ئۆتكەن زامانلاردا، ئەرەبىستان ۋە پېرسىيە (ئىران) تېرىتورىيىسىدە ناھايىتى كۆپ مەسىھ جامائەتلىرى ۋە يەھۇدىلار بار ئىدى. ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شىمالى ئافرىقا ۋە غەربى ئاسىيا دېڭىز بويلىرىدىكى رايونلارنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى مەسىھىيلەر ئىدى.

● ئەينى ۋاقىتتا ياۋرۇپاغا ھوجۇم قىلىپ كىرگەن مۇسۇلمانلار ئاساسى جەھەتتىن ئەرەپلەر ۋە بەربەرلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار ئالتۇن-كۈمۈش، ئۇنچە-مەرۋايىت ۋە قۇللارنى ئولجا ئېلىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى كاپىرلارنىڭ چىركاۋ ۋە مۇناستىرلىرىنى ۋەيران قىلىش، زىمىنلىرىنى بېسىۋېلىپ، ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن ئۇرۇش قوزغىغان ئىدى.

● مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلاردا ياشىغان مەسىھىيلەر ئىككىنچى دەرىجىلىك پۇقرالار بولۇپ، تۆۋەنچىلىك بىلەن ياشاشقا مەجبۇر ئىدى. ئۇلار مۇسۇلمان ئەمەسلەر تۆلەيدىغان ئېغىر باج -جىزيە تاپشۇرىتى، لېكىن يەر-زىمىنغا ھەقىقى ئىگە بولالمايتى.

# ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشى پەيدا بولۇشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى

| | |
|---|---|
| 1076 ـ يىلى | سالجۇق پادىشاھلىقى يېرۇسالېمنى ئىگەللىۋالدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ يېرۇسالېمغا بېرىپ ھەج قىلىشى تېخىمۇ تەسكە توختايدۇ. ئۇلار ئېغىر باج تۆلەيدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ كەمسىتىشى، ھاقارىتى ۋە تەھدىتىگە ئۇچرايدۇ، بەزىدە بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنىدۇ، تۇتۇپ قۇل قىلىنىدۇ، ھەتتا ھاياتىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدۇ. |
| 1085 ـ يىلى | رىم پاپىسى گرىگورى يەتتىنچى (Gregory VII) ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇ سەكراتتا يېتىۋاتقاندا بىر چۈش كۆرىدۇ. چۈشىدە، خىرىستىيانلار ئىتتىپاقى قۇرۇلۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. |
| 1095 ـ يىلى<br>3 ـ ئاي | رىم پاپىسى ئۇربان ئىككىنچى (Urban II) ئىتالىيەنىڭ پىئاسىنزا شەھرىدە چوڭ يىغىن ئاچىدۇ. يىغىندا ۋىزانتىيىنىڭ ۋەكىلى، مۇسۇلمانلارنىڭ كېڭەيمىچىلىك قىلىپ مەسىھلەرنىڭ نۇرغۇن زېمىنلىرىنى بېسىۋالغانلىقىنى ۋە شەرقتىكى مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىغا قاتتىق زۇلۇم سېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. مۇسۇلمانلارنى قوغلىۋەتمىگىچە زۇلۇم ۋە خىيىم ـ خەتەرنىڭ تۈگىمەيدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلارنىڭ شەرققە ئەسكەر ئەۋەتىپ، ۋىزانتىيىگە ياردەم بېرىشىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھوجۇمىغا ئورتاق قارشى تۇرۇشنى سورايدۇ. |
| 1095 ـ يىلى<br>11 ـ ئاي | رىم پاپىسى ئۇربان ئىككىنچى (Urban II) فىرانسىيەنىڭ كلېرمونت شەھرىدە يەنە بىر قېتىم چوڭ يىغىن ئاچىدۇ. يىغىندا ئۇ ياۋرۇپادىكى مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىغا: «ئۆزىدىن ۋاز كېچىپ، كىرىستىنى يۈدۈپ مېڭىش، ھەممە مۇقەددەس شەھەر يېرۇسالېمنى قايتۇرۇۋېلىش» توغرىسىدا چاقىرىق قىلىدۇ. يېغىنغا قاتناشقانلار ئورنىدىن تۇرۇپ: «بۇنداق قىلىشىمىز خۇدانىڭ ئىرادىسىدۇر» دەپ توۋلايدۇ. تۇنجى قېتىملىق ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشىنىڭ مەقسىتى، مۇسۇلمانلار بېسىۋالغان مۇقەددەس شەھەر يېرۇسالېمنى ئازات قىلىپ، مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ ھەج قىلىشىغا بىخەتەر يول ئېچىپ بېرىش ئىدى. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ 2/3 قىسىم زېمىنىنى 400 يىل بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن خىرىستىيان ئەللىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان تۇنجى كەڭ كۆلەملىك ھەرىكىتىدۇر. |

# ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشىنىڭ جەريانى

| قېتىملىق | ۋاقتى | قاتناشقان دۆلەتلەر | نەتىجىسى |
|---|---|---|---|
| 1 | 1096 ـ 1099 | فىرانسىيە | يېرۇسالىمنى ئىگەللەپ، يېرۇسالىم پادىشاھلىقىنى قۇردى. |
| 2 | 1147 ـ 1149 | فىرانسىيە، رىم | دەمەشىق ۋە ئۇدىسسىيەنى قايتۇرۇۋالماي مەغلۇپ بولدى. |
| 1187 ـ يىلى. مىسىر سۇلتانى سالاھىددىن باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمانلار يېرۇسالىمنى قايتىدىن ئىگەللىۋالدى. | | | |
| 3 | 1189 ـ 1191 | گېرمانىيە ئەنگلىيە، فىرانسىيە | يېرۇسالىمنى قايتۇرۇۋالالماي چېكىنىپ كەتتى |
| 4 | 1202 ـ 1204 | رىم | ئەسلىدە مىسىرغا يۈرۈش قىلغان ئەسكەرلەر ۋېنىتسىيە سودىگەرلىرىنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن كونستانتىنپولغا ھۇجۇم قىلىپ، «لاتىن ئىمپېرىيىسى» نى قۇردى. |
| 5 | 1217 ـ 1221 | ۋېنگىرىيە، رىم، يېرۇسالىم پادىشالىقى | سۈرىيە رايونىدا غەلىبە قىلدى، ئاندىن مىسىرغا يۈرۈش قىلىپ دامىتتا شەھرىنى ئىگەللىدى، ئەمما قاھىرەگە قىلغان ھۇجۇمدا مەغلۇپ بولدى. |
| 6 | 1228 ـ 1229 | رىم | مىسىر سۇلتانى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، يېرۇسالىمنى قايتۇرۇۋالدى. |
| 1244 ـ يىلى يېرۇسالىم شەھرىنى مۇسۇلمانلار يەنە ئىگەللىۋالدى. | | | |
| 7 | 1248 ـ 1254 | فىرانسىيە | مىسىرغا يۈرۈش قىلىپ دامىتتانى ئىگەللىدى، ئەمما قاھىرەگە ھۇجۇم قىلغاندا مەغلۇپ بولدى. |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 8 | 1270 | فىرانسىيە | دېڭىزدىن ئۆتۈپ شىمالى ئافرىقىدىكى تۇنىسقا ھوجۇم قىلىدۇ، تۇنىسقا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مۇسۇلمان پادىشاھ ئۇلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئولپان تۆلەيدىغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چېكىنىپ كېتىدۇ. |
| 9 | 1271 ـ 1272 | ئەنگلىيە | سۇرىيەدە جەڭ قىلىدۇ، كېيىن مەملۇك سۇلتانلىقى بىلەن 10 يىللىق تېنچلىق كېلىشىمى تۈزۈپ، ئەنگلىيەگە قايتىپ كېتىدۇ. |
| شۇنىڭدىن كېيىن ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشى توختايدۇ. ئەمما مۇسۇلمانلار داۋاملىق ئۇرۇش قوزغاپ، مەسىھىيلەرنىڭ زېمىنلىرىغا ھوجۇم قىلىدۇ. 1291 ـ يىلى مەسىھىيلەر ئىگەللەپ تۇرغان ئەڭ ئاخىرقى شەھەر ئاككا (يېرۇسالېمنىڭ شىمالىدىكى شەھەر) مەملۇك سۇلتانلىقى تەرىپىدىن تارتىۋېلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يېرۇسالېم پادىشالىقىمۇ ئاخىرلىشىدۇ. | | | |

- ئەھلى سەلىپ ئارمىيىسى ئۇرۇش قىلىش جەريانىدا خۇددى دەسلەپكى مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىدەك زوراۋانلىق ۋە ۋەھشى قىلمىشلارنى سادىر قىلىپ، ھەقىقەتەن خاتالىق ۋە گۇناھ ئۆتكۈزگەن. بۇنى مەسىھ جامائەتچىلىكى ئېتىراپ قىلىدۇ، ھەم ئۇلارنىڭ خاتا قىلمىشلىرىنى ئەيىبلەيدۇ.
- ئەھلى سەلىپ ئارمىيىسى ئىگەللىگەن رايونلاردا كۆپىنچە ئەھۋالدا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مال ـ مۈلكى، ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە دىنى ئېتىقاتىنى ساقلاپ قېلىشىغا يول قويغان.

## ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشىدىن كېيىن

| | |
|---|---|
| 14 ـ 16 ئەسىر | ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسى بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئەتراپتىكى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنى بويسۇندۇرىدۇ. ياۋروپادىكى خىرىستىيان دۆلەتلىرىگە ھوجۇم قىلىپ، كونستانتىنپول (ئىستانبول) نى بېسىۋالىدۇ. |

| | |
|---|---|
| ياۋروپالىقلارنىڭ ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشى ئەمەلىيەتتە شەرقتىكى مەسىھىي قېرىنداشلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئۆز زىمىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن چەكلىنىدۇ. | 15 ـ ئەسىر |
| سۇلتان مەھمۇد ئىككىنچى ئىتالىيەنىڭ جەنۇبىدىكى ئوترانتو دېڭىز بۇغۇزىنى ئىگەللەپ، ئىتالىيەگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشكە تەييارلىنىدۇ. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كېتىپ، پىلانى سۇغا چىلىشىدۇ. | 1480 ـ يىلى |
| سۇلتان سولايمان ۋىيېناغا قورشاپ ھوجۇم قىلىدۇ. ئۇ يول ئۈستىدە بىنورمال چىققان بوران ـ چاپقۇنغا دۇچ كېلىپ قالغاچقا، نۇرغۇن قورال ـ ياراق ۋە زەمبىرەكلەردىن ئايرىلىپ قالىدۇ. شۇ سەۋەپتىن شەھەرنى ئالالماي چېكىنىپ كېتىدۇ. | 1529 ـ يىلى |
| ئوسمان ئىمپېرىيىسى ۋىيېناغا كەڭ كۆلەملىك ھوجۇم قوزغايدۇ، ئەمما ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ قاتتىق مەغلۇپ بولىدۇ. 100 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى جەڭدە ئۆلىدۇ. بۇ قېتىملىق ئۇرۇش تارىخى بۇرۇلۇش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، 200 يىلدىن بۇيان ئىزچىل ياۋروپاغا ھوجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەركىتى شۇنىڭدىن كېيىن توختايدۇ. ئوسمان ئىمپېرىيىسى تەدرىجى ئاجىزلىشىپ، غەربىي ياۋروپا ئەللىرى پەن ـ تېخنىكا، ئىقتىساد ۋە ھەربىي كۈچ جەھەتلەردە ئومۇميۈزلۈك كۈچىيىدۇ. | 1683 ـ يىلى |

## ئەھلى سەلىپ ئارمىيىسىنىڭ ئېتىقات ئارقا كۆرۈنۈشى

● ئىسلام دىنى باشلانغاندىن تارتىپ تاكى يېقىنقى دەۋرلەرگىچە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئېچىدىكى سىياسى داھىلار ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمدارى ھەم دىنى يولباشچىسى بولۇپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ سىياسى ۋە ھەربى ھەركەتلىرى ئىسلام دىنىغا ئاساسلانغان. چۈنكى ئىسلامىيەتتە دىن بىلەن سىياسى ئايرىلمىغان. مۇسۇلمانلار ئۆچۈن ئېيتقاندا جەڭ قېلىش ئىسلام دىنىنى تارقىتىشنىڭ بىر خىل مۇھىم شەكلىدۇر. ئىسلام دىنىدا بارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىپ جۈملىدىن جەڭ قىلىش ئارقىلىق دىن تارقىتىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ئىسلامنىڭ ئاخىرقى مەقستى پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرۇپ، بارلىق ئادەملەرنى مۇسۇلمان قېلىش. شۇڭا شارائىت ۋە كۈچى بولسىلا، كاپىرلارغا قارىتا جىھاد ئۇرۇشى قوزغاش، ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم بىر تەلىمىدۇر.

• ۋىزانتىيە (شەرقى رىم) ئىمپېرىيىسى ئۇزۇن ۋاقىت مۇسۇلمانلارنىڭ ھوجۇمىغا ئۇچراش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش جەريانىدا، ئاستا-ئاستا ئىسلام دىنىنىڭ جىھاد (دىن ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش) ئىدىيىسىنى يۇقتۇرۇۋالدۇ. شۇنىڭ بىلەن خان جەمەتىنىڭ ھوقۇقى دىنى ھوقۇققا ئايلىنىدۇ. بۇ خىل ئىدىيە كېيىن غەربى ياۋرۇپا ئەللىرىگىمۇ تەسىر قىلىدۇ.

• بىراق مەسىھ ئېتىقاتى باشلىنىشتىلا ئىنسانى مېھىر-مۇھەببەت، كەچۈرۈمچانلىق، سەۋر-تاقەت ۋە تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇرۇش-جېدەلنى رەت قىلغان. بۇنىڭغا ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ تەلىملىرى ۋە ئىش-ھەركىتى، شۇنداقلا ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ ئىش-ئىزلىرى ئىسپات بولالايدۇ. مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى دەسلەپكى 300 يىلدا، گەرچە نۇرغۇن ئازاپ-ئوقۇبەت، قىيىنچىلىق ۋە تەھدىتلەرگە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئەيسا مەسىھنىڭ يولىنى تۇتۇپ، مېھىر-مۇھەببەت، رەھىمدىللىك ۋە تىنچلىق بىلەن دىن تارقىتىدۇ.

• مىلادى 4-ئەسىردە رىم ئىمپېرىيىسى مەسىھ ئېتىقاتىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەندىن كېيىنمۇ، مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى رىم ھۆكۈمدارلىرىنى ئادالەتسىز، ناھەق ئۇرۇشلارنى قىلىشتىن توسايدۇ. جەڭ قىلىپ  قان تۆكۈدىغان ئىشلارنى ئېتىقاتىمىزغا خىلاپ دەپ قەتئى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇ سەۋەپتىن ھەتتا بەزىلەر ئۇلارنى «مەسىھىلەر رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ سىياسى تەسىرى ۋە ھەربى كۈچىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى» دەپ ئەيىپلەيدۇ.

• كېيىنكى دەۋرلەردىكى مەسىھىلەرنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرى ئاساسەن ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش جەريانىدا ئۆزىمۇ ئىسلامنىڭ بەزى خاتا ئىدىيىلىرىنى يۇقتۇرۇۋالغان، ۋە شۇ سەۋەپتىن بەزى ئادالەتسىز ئۇرۇشلارنى قوزغىغان، قىرغىنچىلىقمۇ قىلغان. بىراق مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئۇرۇش ۋە زوراۋانلىق مەسىھ ئېتىقاتىغا زىتتۇر.

## مەسىھىلەر ئۇچرىغان زۇلۇم ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلەر

• ئەيسا مەسىھنىڭ 12 شاگىرتى بولۇپ، ساتقۇن يەھۇدادىن باشقا قاپقالغان 11 شاگىرتى ئىچىدە 10 شاگىرتى ئەيسا مەسىھكە گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن ھاياتىنى قۇربان قىلغان. يەنە بىر شاگىرتى يۇھاننامۇ ئەيسا مەسىھكە گۇۋاھلىق بېرىپ خۇش خەۋەر تارقاتقانلىقى ئۈچۈن پاتمۇس ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىنىپ، كېيىنكى ئۆمرىنى شۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرغان.

• مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ دەسلەپكى 300 يىلىدا، مەسىھىلەر جەمىيەتتىكى ئەڭ ئاجىز كوللىكتىپ بولۇپ، دائىم زىيانكەشلىككە ئۇچراپ تۇراتتى. مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان مەسىھىلەر ئېتىقات يولىدا شېھىت بولغانىدى. بۇنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى، ئۇلار ئەيسا

مەسىھنىڭ خۇدانىڭ بىردىنبىر قۇتقۇزۇش يولى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئىدى.

● رىم ئىمپېراتورى نېرو (37 ـ 68)، مەسىھلەر رىمنىڭ كۆپ ئىلاھلىرىغا ئىشەنمەي ئۆزلىرىنىڭ بىر خۇدالىق ئېتىقاتىدا چىڭ تۇرغاچقا، ئۇلارغا دەھشەتلىك زىيانكەشلىكلەرنى سالىدۇ. مىلادى 64 ـ يىلى ئۇ رىمنىڭ نامراتلار ئولتۇراقلاشقان شەھەر رايونىغا ئوت قويىۋېتىپ، ئارقىدىن بۇنى مەسىھىيلەر قىلغان دەپ تۆھمەت چاپلايدۇ. ئۇ مەسىھىيلەرنى تۇتۇپ مۇسابىقە مەيدانلىرىدا تاماشىبىنلارنىڭ ئالدىدىلا يىرتقۇچ ھايۋانلارغا يەم قىلىپ، كۆڭۈل ئاچىدۇ. ھەتتا مەسىھىيلەرنى تۆۋرۈكلەرگە باغلاپ، مەشئەل قىلىپ ياندۇرۇپ، كېچىسى ئۆزىنىڭ بېغىنى يورۇتىدىغان چىراق قىلىدۇ. شۇ قېتىملىق ۋەھشى قىرغىنچىلىقتا، شاگىرت پېتروس ۋە پاۋلۇسلارمۇ نېرونىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ شېھىت بولىدۇ.

● رىم ئىمپېراتورى دومىتىئان (51 ـ 96) ھايات ۋاقتىدا ئۆزىنى ئىلاھ دەپ جاكارلايدۇ. مەسىھىيلەر ئۇنىڭ ئىلاھلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. شۇڭا دومىتىئان مەسىھىيلەرگە ئۆچمەنلىك قىلىپ، مىلادى 81 ـ يىلى كەڭ كۆلەمدە مەسىھىيلەرنى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىدۇ. نۇرغۇن مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ.

● رىم ئىمپېراتورى تىرايان (53 ـ 117) مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنى تەكشۈرۈپ تۇتىۋالسا، ئۇلارنى رىمنىڭ بۇت ئىلاھلىرىغا تاۋاپ قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ، ئەگەر ئۇنىمىسا ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. شۇ دەۋردە يېرۇسالىمنىڭ ئېپىسكوپى سىميان كىرستىكە مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئانتاكىيەنىڭ ئېپىسكوپى ئىرىك پېتى شىرغا يەم قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئېتىقاتىدا چىڭ تۇرۇپ، رىمنىڭ بۇت ئىلاھلىرىغا سەجدە قىلغىلى ئۇنىمايدۇ.

● تىرايانىدىن كېيىنكى نەچچە ئەۋلاد رىم ئىمپېراتورلىرىمۇ مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان سىياسەتنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئىمپېراتور پىئاسنىڭ دەۋرىدە، سىمرنا (ھازىرقى تۈركىيەدىكى ئىزمىر) شەھرىنىڭ ئېپىسكوپى پولىكارپۇس قولغا ئېلىنىپ، مۇسابىقە مەيدانىدا يىرتقۇچلارغا يەم قىلىنىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم پۇرسەت بېرىلىپ، ئەگەر مەيداندىكى تاماشىبىنلار ئالدىدا ئەيسا مەسىھنى ھاقارەتلىسە، دەرھال قويۇپ بېرىلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلىدۇ. ئەمما پۇلىكارپۇس مۇنداق دەپ رەت قىلىدۇ: مەن 86 يىلنىڭ ياقى رەببىمنىڭ خىزمىتىدە بولدۇم. ئۇ ئەزەلدىن ماڭا يامانلىق قىلىپ باققىنى يوق. شۇنداق تۇرۇپ، مېنى قۇتقۇزغان ئاشۇ رەببىمگە قانداقمۇ ھاقارەت كەلتۈرەلەيمەن. بۇنى ئاڭلىغان مەسئۇل ئەمەلدار ئۇنىڭغا: ئۇنداقتا مەن سېنى يىرتقۇچلارغا تاشلاپ بېرىپ يەم قىلماقتىن باشقا ئامالىم يوق ـ دەيدۇ. پولىكارپۇس: ئىختىيارىڭىز، قېنى يىرتقۇچلىرىڭىزنى قويۇپ بېرىڭ ـ دەيدۇ. ئەمەلدار غەزەپلىنىپ: ئەگەر سەن يىرتقۇچلاردىن قورقمىساڭ، ئۇنداقتا سېنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرىمەن ـ دەيدۇ.

پولىكارپۇس ئۇنىڭغا: سەن ئوت بىلەن مىنى قورقۇتماقچىمۇ، ئۇ ئوتقۇ بىرەر سائەت كۆيە، ئەمما سەن مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان دوزاقنىڭ ئوتىنى ئۇنتۇپ قالما ـ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن پولىكارپۇس ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرىلىدۇ.

● ئىمپىراتور ئاۋرېلىئوس (121ـ180) مەسىھىيلەرنىڭ ئۆز ئېتىقاتىغا بولغان قىزغىنلىقى ۋە ساداقىتىنى ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىق دەپ قارايدۇ. ھەم ئۇلارغا قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ زىيانكەشلىكلەرنى سالىدۇ. مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى نۇرغۇن پېشۋالىرى دەلىل ـ ئىسپات بىلەن پاكىت كۆرسىتىپ، ئۇنى قايىل قىلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىمى بولمايدۇ. مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتقان ئاشۇ مەزگىللەردە يەر تەۋرەش، كەلكۈن، ۋابا، ئوت ئاپىتى قاتارلىقلار توختىماي يۈز بېرىدۇ. كىشلەر بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالماي، ئەكسىچە بۇ ئاپەتلەرگە مەسىھىيلەر سەۋەبچى دەپ قاراپ، ئۇلارغا ھوجۇم قىلىپ تېخىمۇ كۆپ زىيانكەشلىكلەرنى سالىدۇ. بۇنى ھۆكۈمەت توسمايدۇ. مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ جەسەتلىرى كوچا ـ كوچىلاردا ياتىدۇ، توپىلاڭچىلار «رىم ئىلاھلىرىنىڭ دۈشمەنلىرى زىمىننى بۇلغىمىسۇن» دەپ، مەسىھىيلەرنىڭ جەسەتلىرىنى پارچە ـ پارچە قىلىپ، كۆيدۈرۈپ، دەريا ـ دېڭىزلارغا چېچىۋېتىدۇ.

شۇ مەزگىللەردە سىمفورىنۇس ئىسىملىك بىر ياش ئېتىقاتچى قولغا ئېلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. جازا ئىجرا قىلىنىشىنىڭ ئالدىدا، ئانىسى ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئوغلۇم، قەيسەر بولغىن، ئۆلۈمدىن قورقما، چۈنكى ئۇ سىنى ھەقىقى ھاياتلىققا ئېلىپ بارىدۇ. ئەرشتىكى خۇداغا تەلپۈنگىن. بۈگۈن سىنىڭ ھاياتىڭ ئېلىپ كىتىلمەيدۇ، بەلكى ئەرشتىكى ھاياتلىققا ئۆزگىرىدۇ.»

● مىلادى 166ـ يىلى، مەسىھ ئېتىقاتىنى قوغداش ۋە ئاقلاش يولىدا زور كۈچ چىقارغان يۇستىن مارتىر شىھىت بولىدۇ. يۇستىن مىلادى 100ـ يىللىرى سامارىيەنىڭ فىلاۋىئە شەھرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، كىچىكىدىن باشلاپلا بىلىم ئېلىش ئارزۇسى كۈچلۈك ھەم تىرىشچان ئىدى. ئۇ «ئىنسان قانداق قىلغاندا خۇدانى تونۇيالايدۇ» دىگەن سوئالغا جاۋاپ تېپىش ئۈچۈن، تۈرلۈك گىرىك پەلسەپىلىرىنى ئۆگىنىدۇ، ئەمما قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ تاپالمايدۇ. مىلادى 130ـ يىلى مەسىھ ئېتىقاتىنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كىيىن ئۇ بىر ئۆمۈر مەسىھ ئېتىقاتىنى قوغداش ۋە ئاقلاش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ھەمدە بۇ توغرىلىق ئاز بولمىغان كىتاپلارنى يازىدۇ. ئۇ يەھۇدىلار بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، تەۋرات، زەبۇر ۋە باشقا قەدىمقى پەيغەمبەرلەرنىڭ كىتاپلىرىدا ئالدىن بىشارەت قىلىنغان قۇتقۇزغۇچى مەسىھنىڭ دەل ئەيسا پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ھەتتا رىم ئىمپىراتورلىرىغا خەت يېزىپ، مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ توغرا يول ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. مىلادى 166ـ يىلى يۇستىن ۋە باشقا بەش مەسىھ ئېتىقاتچىسى قولغا ئېلىنىدۇ. رۇستىكۇس ئىسىملىك بىر يەرلىك

ئەمەلدار ئۇلارنى رىمنىڭ بۇد ئىلاھلىرىغا سەجدە قىلىپ، ئىسرىق كۆيدۈرسە، قويۇۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەمما ئۇلار بۇنى رەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەرلىك ئەمەلدار ئۇلارنى قامچىلاپ ئۇرغۇزۇپ، ئاندىن كاللىسى ئالىدۇ.

● مىلادى 222 ـ 250 يىللىرى، مەسىھ ئېتىقاتىغا چۈشكەن بېسىم سەل يېنىكلەيدۇ. مەسىھيىلەر ئاز ـ تولا ئەركىنلىككە ئېرىشىدۇ.

● رىم ئىمپىراتورى دىسىئۇس مىلادى 250 ـ يىلى پەرمان چۈشۈرۈپ، بارلىق مەسىھيىلەرنى ئېتىقاتىدىن ۋاز كېچىپ، رىم ئىلاھلىرىغا نەزىر ـ چىراق قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ، پەرمانغا بويسۇنمىغانلارنى ئېغىر جازالايدۇ. گەرچە بىر قىسىم ئاجىز كىشىلەر ئېتىقاتىدىن ۋاز كەچكەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا نۇرغۇن مەسىھيىلەر ئېتىقاتىدا چىڭ تۇرىدۇ.

● مىلادى 260 ـ 303 يىللىرى، مەسىھ جامائىتى تېز سۈرئەتتە تەرەققى قىلىدۇ، ئېتىقاتچىلارنىڭ سانى شىددەت بىلەن كۆپىيىدۇ.

● مىلادى 300 ـ يىلى، رىم ئىمپىراتورى دىكلىتىئانوس دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ ئۇنۇملۇك باشقۇرۇش ئۈچۈن، بارلىق رىم پۇقرالىرىنىڭ ئېتىقاتىنى بىرلىككە كەلتۈرمەكچى بولىدۇ. ئەمما مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى ئۇنىڭغا ئەڭ چوڭ توسقۇن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مىلادى 303 ـ يىلى ئۇ پەرمان چۈشۈرۈپ، بارلىق مەسىھ جامائەتلىرىنى ۋەيران قىلىۋېتىشنى بۇيرۇيدۇ. مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىغا يا ئېتىقاتىدىن ۋاز كېچىش، ياكى ئۆلۈشتىن ئىبارەت ئىككىلا يولنى بېرىدۇ. نۇرغۇن ئىنجىل يىغىۋېلىنىپ كۆيدۈرۈۋېتىلىدۇ. بۇ قېتىممۇ ئاز بولمىغان مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەمما مەسىھ ئېتىقاتى يەنىلا يوقالمايدۇ.

● مىلادى 308 ـ يىلى رىم ئىمپىراتورى گالىرىئۇس پەرمان چىقىرىپ، رىم ئىلاھلىرىغا نەزىر چىراق قىلىنغان ھاراقنى، رىمنىڭ بازارلىرىدا سېتىلىۋاتقان بارلىق يېمەكلىكلەرنىڭ ئۈستىگە چېچىشنى بۇيرۇيدۇ. بۇ ئارقىلىق مەسىھيىلەرنى يا بۇدقا ئاتاپ نەزىر ـ چىراق قىلىنغان يېمەكلىكلەرنى يېيىش ياكى ئاچ قېلىپ ئۆلۈشكە مەجبۇرلايدۇ.

● مىلادى 313 ـ يىلى رىم ھۆكۈمىتى پەرمان چىقىرىپ، بۇندىن كېيىن مەسىھ ئېتىقاتىغا يول قويىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ.

● مىلادى 323 ـ يىلى ئىمپىراتور كونستانتىن تەختكە ئولتۇرىدۇ. ئۇ مەسىھ ئېتىقاتىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يەنە نۇرغۇن رىملىقلارمۇ مەسىھ ئېتىقاتىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي خىرىستىيان دىنى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ دۆلەت دىنىغا ئايلىنىدۇ.

## مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنىڭ سەۋەبى

● مەسىھلەر خۇدانىڭ خۇش خەۋىرىنى تارقىتىشتا ئىنتايىن قىزغىن بولۇپ، بۇ رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ كۆپ ئىلاھلىق دىنى ئېتىقاتىغا تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ. مەسىھىيلەر ئۆزىنىڭ بىر خۇدالىق ئېتىقاتىنىڭ مۇتلەق ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ، شۇڭا رىملىقلارنىڭ كۆپ ئىلاھلىق دىنى ئېتىقاتى بىلەن سىغىشالمايدۇ. بۇ رىملىقلارنى نارازى قىلىپ ئۆچمەنلىكىنى قوزغايدۇ. مەسىھىيلەر يەنە رىملىقلارنىڭ ئىلاھلىرىغا ئاتاپ ئۆتكۈزگەن نەزىر-چىراقلىرىغا قاتناشمىغاچقا، ھەتتا بەزىدە ئىلاھقا ئىشەنمەيدىغان دىنسىزلار دەپمۇ قارالغان.

● مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، مەسىھ جامائىتىدە نۇرغۇن مۆجىزىلەر كۆرۈلگەن بولۇپ (مەسىلەن كېسەللەرنىڭ ساقىيىپ كېتىشى دېگەندەك)، بۇ رىمنىڭ سېھرى-جادۇنى چەكلەيدىغان قانۇنىغا خىلاپ كېلىپ قالغان.

● دەسلەپكى جامائەتتىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئېتىقاتچىلار جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ئادەملەر بولغاچقا، مەسىھ ئېتىقاتى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر تەرىپىدىن خۇراپاتلىق دەپ قارىلىپ كەمسىتىلگەن.

● مەسىھ ئېتىقاتىدا تەشەببۇس قىلىنغان پاك ياشاش، مېھىر-مۇھەببەتلىك بولۇش، ئادالەتنى ياقلاش ۋە تىنچلىقنى سۆيۈشتەك پەزىلەتلەر، باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان قۇرۇق غايە دەپ قارالغان. رىملىقلارنىڭ گىلادىئاتور مەيدانلىرىدىكى قۇللار ۋە ئەسىرلەرنىڭ بىربىرىنى ئۆلتۈرىدىغان ئويۇنلىرىغا مەسىھلەر قاتناشمايتى. نۇرغۇن مەسىھ ئاقساقاللىرى رىملىقلارنىڭ ئويۇن-تاماشا، بۇزۇقچىلىق ۋە ۋەھشىلىككە تولغان تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئەيىپلەيتى. شۇ سەۋەپتىنمۇ رىملىقلارنىڭ نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىغا ئۇچرايتى.

● مەسىھىيلەرنىڭ توپلىشىپ جامائەت بولۇپ ئۇيۇشۇشى، باشقىلاردا ئۇلارنىڭ سىياسى مۇددىئاسى ۋە ھەرىكىتى بارمىكىن دېگەن گۇماننى پەيدا قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەسىھىيلەر رىمنىڭ قانۇنىغا قارىغاندا خۇدانىڭ قانۇنىغا تېخىمۇ بەكرەك بويسۇناتتى. شۇڭا نۇرغۇن مەسىھىيلەر «ئادەم ئۆلتۈرۈش گۇناھ» دەپ قاراپ، قورال ئېلىپ ئەسكەر بولۇشقا ئۇنىمايتى. بۇ ئىش ھەربى كۈچكە تايىنىپ مەۋجۇد بولۇۋاتقان رىم ئىمپېرىيىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ئېغىر گۇناھ ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، مەسىھىيلەر ئۆز ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى دىنى ئاقساقاللىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھەل قىلاتتى، سوتقا ئەرز قىلمايتى. بۇمۇ ھۆكۈمەتنىڭ نەزىرىدە رىم قانۇنىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىق دەپ قارىلاتتى. رىم ھۆكۈمىتى مەسىھىيلەرنى ئۆزىنىڭ قانۇن-تۈزۈمى ۋە ساداقىتىنى بىلدۈرىدىغان ئوبېكتى بار، ئۇلار رىمنىڭ ھۆكۈمرانىغا سادىق ئەمەس دەپ قارايتى. شۇڭا

مەسىھىيلەرنىڭ سانى قانچە ئاشقانسىرى، رىم ھۆكۈمىتىگە شۇنچە بېسىم بولاتتى. بىراق ئەمەلىيەتتە، مەسىھىيلەر جەمئىيەتتىكى ھەممىدىن بەك قانۇن-تۈزۈمگە رىئايە قىلىدىغان، ھەم ھۆكۈمەتكە بويسۇنىدىغان پۇقرالاردىن ئىدى. چۈنكى مەسىھ ئېتىقاتىدا ھۆكۈمەتكە ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن-تۈزۈمىگە بويسۇنۇش ئېتىقاتچىلارنىڭ مەجبۇرىيىتى ئىدى. ئۇلار يەنە دۆلەتنىڭ تىنچلىقى ۋە ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى ئەمەلدارلار ئۈچۈنمۇ ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ دۇئا قىلاتتى.

• مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەت تۈزۈلمىسىگە تەھدىت ئېلىپ كەلدى. مەسىلەن، بىر ئادەم مەسىھ ئېتىقاتىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىگىدارلىقىدىكى قۇللىرىنى ئازات قىلىۋېتىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىنى ئالماي تۇرۇپ قۇللارنى ئازات قىلىۋېتىش ئېغىر گۇناھ بولۇپ، ھەتتا ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى. ئەمما مەسىھىيلەر ئىنجىلدىكى «قېرىنداشلىقنى سۆيۈڭلار» دىگەن تەلىمگە ئاساسەن، گەرچە ھاياتى خەۋپكە ئۇچرىسىمۇ، يەنىلا شۇنداق قىلاتتى.

## مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ جەلپكارلىقى

• ئەيسا مەسىھ كىرستىقا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، 3-كۈنى تىرىلىپ شاگىرتلىرىغا كۆرۈندۇ، 40-كۈنى ئاسمانغا كۆتىرىلدۇ، 50-كۈنى شاگىرتلار ئىرۇسالىمدا يىغىلىپ دۇئا قىلىۋاتقاندا، مۇقەددەس روھ ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا چۈشۈپ، ھەممىسى باشقا مىللەتلەرنىڭ تىللىرىدا سۆزلىيەلەيدىغان ۋە مۆجىزە كۆرسىتەلەيدىغان ئىقتىدارلارغا ئىگە بولىدۇ. شۇ چاغلاردا (مىلادى 33-يىلى) ئەيسا مەسىھكە ئەگەشكەن ئېتىقاتچىلارنىڭ سانى نەچچە مىڭلا ئادەم ئىدى. 300 يىللىق زۇلۇم ۋە جاپا-مۇشەققەتلەرنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، ئىمپىراتور كونستانتىنىنىڭ ۋاقتىغا كەلگەندە، مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ سانى 6 مىليونغا يېتىپ، ئىمپىرىيە نوپۇسىنىڭ 10% نى ئىگەللەيدۇ.

• ئەينى دەۋرلەردە، بىر ئادەمنىڭ مەسىھ ئېتىقاتىنى قوبۇل قىلىشى، ئۇنىڭ ئىستىقبالىنى ياخشىلاشقا ھېچقانچە پايدىسى تەگمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە جەمئىيەت تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىپ، ھەتتا ئۆلۈم خەۋپىمۇ ئېلىپ كېلەتتى. ئەمما شۇنداقتىمۇ، يەنىلا نۇرغۇن ئادەم مەسىھ ئېتىقاتىنى قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ جەلپكارلىقى ئىنتايىن كۈچلۈكتۇر. مەسىلەن، مەسىھ جامائەتچىلىكىدە كېسەل ساقايتىپ، جىن قوغلايدىغان ئىقتىدارلار بار بولۇپ، ئازاپ-ئوقۇبەتتە قالغان ئادەملەرنىڭ كېسىلىنى ساقايتىپ، روھى جەھەتتە ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرەلەيتى. مەسىھ ئېتىقاتى يەنە ئۈمىدسىزلىكتە قالغان كىشىلەرگە يول كۆرسىتىپ، ئۇلارغا يېڭىدىن ئۈمىد ئاتا قىلالايتى. ئۇندىن باشقا، مەسىھىيلەرنىڭ ئۆزىگە خاس

پەزىلەتلىرى ۋە تۇرمۇش ئادىتىمۇ كىشىلەرنى جەلپ قىلالايتى. مەسىلەن، خىزمەت ۋە سودىدىكى سەمىمىلىكى، جەمىيەتتىكى ناچار قىلمىشلارنى يوقىتۇرماسلىقى (مەسىلەن ئايالّلارنى ئۇرۇش، بالىلارنى تاشلىۋېتىش، ئاجىزلارنى بوزەك قىلىش، پاھىشىۋازلىق، قىمارۋازلىق، ھاراقكەشلىك قاتارلىقلار). مەسىھىيلەر ئۆلۈمدىن قورقماسلىقتىمۇ داڭ چىقارغان بولۇپ، ئېتىقاتى ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھەرۋاقىت تەييار ئىدى، مەردانىلىق بىلەن ھەققانىيەتنى ياقلايتى. بۇلارمۇ باشقىلارنىڭ مەسىھ ئېتىقاتىغا بولغان قىزىقىشى ۋە ھەۋىسىنى قوزغايدۇ.

مەسىھ ئېتىقاتى قۇرۇق تەلىم بولماستىن، بەلكى ئۇنى قوبۇل قىلغان ئادەمنىڭ ھاياتىدا زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلالايدۇ. شۇ سەۋەپلەردىن، دەسلەپكى 300 يىلدا، جەڭ ۋە زوراۋانلىققا تايانمىسىمۇ، ھەتتا شۇنچىلىك قاتتىق بېسىم ئاستىدا بولسىمۇ، مەسىھ ئېتىقاتى يەنىلا ئۈچقاندەك تەرەققى قىلالايدۇ. مانا بۇنى خۇدانىڭ ھەقىقى مۆجىزىسى دېيىشكە بولىدۇ.

● مىلادى 3-ئەسىردىكى دىن قوغدىغۇچىسى تېرتۇلىئان ھەقىقى ئىبادەتنى زورلاشقا بولمايدۇ دەپ قارايتى، ئۇ مۇنداق دىگەن: «مەسىھ ئېتىقاتىدا زورلاش دەيدىغان گەپ يوق»، «دىنغا زورلاش خۇدانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپتۇر»، «خۇدا ئەيسا مەسىھنى ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئەۋەتتى، ئەمما ئۇ باشقىلارنى مەجبۇرلىمىغان، چۈنكى خۇدا ئەزەلدىن ئىنساننى مەجبۇرلىمايدۇ». 3-ئەسىردىكى كارتاگىلىك ئېپىسكوپ سىپرىئاننىڭ دەرسلىكىدىمۇ «ئادەم دىنغا ئېتىقات قىلىش ياكى قىلماسلىقنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ» دېيىلگەن. دېمەك، دىن تارقىتىشتا زوراۋانلىققا تايىنىشقا بولمايدۇ. تاكى كونىستانتىنپولنىڭ دەۋرىگىچە بولغان ئارلىقتا، پەيلاسوپ لاكتەنتىئوس مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ تارقىلىش ئۇسۇلىنى يەكۈنلەپ مۇنداق دىگەن: «(مەسىھ ئېتىقاتىدا) زوراۋانلىق ۋە زىيانكەشلىك يوق، چۈنكى دىندا زورلاش يوقتۇر. بىز مۇشت-پەشۋاغا ئەمەس، بەلكى گەپ-سۆزگە تايىنىپ باشقىلارنىڭ قەلبىنى تەسىرلەندۈرىمىز. باشقىلار ئېيتقاندەك كىشىلەرنى ئېزىقتۇرمايمىز، بەلكى تەلىم بېرىمىز، ئىسپاتلايمىز ۋە نامايەن قىلىمىز».